# 21611 ـ بالياتقۇنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزگەندىن كېيىن ئايالغا يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟

## سۇئال

مەن بىر قانچە ئايدىن بېرى هامىلدار بولۇش ئۈچۈن داۋالىنىۋاتاتتىم، ئايلىق ئادەتنى كۆزىتىش، ئىزچىل سۈرەت قىلىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ يېنىغا بارىمەن، سۈرەت تارتىش جەريانىدا سېىستىرا يېقىندىن سۈرەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرىتىمگە سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئەۋرىتىمگە دورىمۇ كىرگۈزىدۇ، ئەۋرەتنى سۈرەتكە ئىلىش ئۈچۈن سۈرەت نەيچىسى كىرگۈزگەندىن كېيىن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟ . بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاهنىڭ رەهمەت سالاملىرى بولسۇن.

دائىمىي كومىتېت ئۆلىمالىرىدىن: ئايال ياكى سېىستىرا ئەۋرەتكە ئۈسكىنە ياكى دورا كىرگۈزسە، بۇنىڭ بىلەن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟ روزا بۇزۇلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: يۇقىرىدا سورالغان ئىش يۈز بەرسە، جۇنابەت غۇسلىسىنى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ ۋە روزىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ"